
# WINDOWS 7 دىكى ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا تاختىسى لايىھەسىنى تولۇقلاش ھەققىدە

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، گەرچە Windows 7 مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا تاختىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرچە تىنىش بەلگىلىرى ۋە باشقا بەلگىلەر بۇ كۇنۇپكا تاختىسىغا تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، بۇ چۈشۈپ قالغان بەلگىلەرنى بۇ كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن كىرگۈزگىلى بولمايدۇ.

يېقىندا Ubuntu مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا تاختىسىنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى كۇنۇپكا تاختىسى ھازىر مۇزاكىرە ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە، Windows 7 دىكى كۇنۇپكا تاختىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ Ubuntu كۇنۇپكا تاختىسى لايىھەسى ئۈچۈنمۇ ئىشلەتسەك، كۇنۇپكا تاختىلىرىمىز بىردەكلىشىپ، ئۆلچەملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، كەلگۈسىدە ھەممىمىزگە قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىش ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە دەسلەپكى مۇزاكىرە لايىھەسى ئورنىدا بۇ ماتېريال تەييارلاندى. تۆۋەندىكى رەسىمدە، Windows 7 مەشغۇلات سىستېمىسىدىكى ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ قىسمەن رايونلىرىنىڭ رەسمى كۆرسىتىلدى.




رەسىم: Windows 7 دىكى ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا تاختىسىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىغا مۇناسىۋەتلىك تىنىش بەلگىلىرى رايونىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى (ئۇيغۇرچە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بەلگىلەر كۆك رەڭ بىلەن بويالدى)

ئۇيغۇرچە تىنىش بەلگىلىرىدىن «يالاڭ تىرناق»، «سىزىق»، «كۆپ چېكىت» لەر ۋە «سوزۇش بەلگىسى» قاتارلىق 4 بەلگىلەر بۇ كۇنۇپكا تاختىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، يۇقۇرقى بەلگىلەرنى بۇ كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن كىرگۈزگىلى بولمايدۇ.


ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، يۇقۇرقى كۇنۇپكا تاختىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئۇيغۇرچە 4 دانە بەلگىلەرنى بۇ كۇنۇپكا تاختىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مۇنداق پىكىر قىلىش مۇمكىن:

ياللاڭ تىرناق: ئەڭ مۇۋاپىق كۇنۇپكا ">" ۋە "<" لەردىن ئىبارەت.

سىزىق: سىزىق ئىشلىتىلىش تەكرارلىقى بىر قەدەر يۇقۇرى بولغان تىنىش بەلگىسى بولۇپ، ئامال بار ئاز كۇنۇپكا بىلەن چىقىرىش ئۈچۈن "\" كۇنۇپكىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كۆپ چېكىت: ئەڭ مۇۋاپىق كۇنۇپكا «'» كۇنۇپكىسىدۇر.

سوزۇش بەلگىسى: لاتىنچىدىكى ئاستىغا سىزىلغان سىزىق (_) نىڭ ھەرپ-بەلگىلەرنى ئۇلاش رولى (مەسىلەن _abc_def_ ) بارلىقىنى ۋە بۇ سوزۇش بەلگىسىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلەتكۈچىلەر تەرىپىدىن كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى (كامىدا سىزىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا) ئويلاشقاندا، ئۇنى «_» (يەنى ئاستى سىزىلغان سىزىق، Shift كۇنۇپكىسى بىلەن چىقىدۇ) كۇنۇپكىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن تولۇقلانغان دەسلەپكى لايىھە تۆۋەندىكىچە بولدى:




بۇ تېخى دەسلەپكى پىكىر ئېلىش لايىھەسى بولۇپ، كۆپچىلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ئاخىرقى لايىھەنى بېكىتىش ئۈچۈن، بۇ دەسلەپكە لايىھەنى ئوتتۇرىغا چىقاردۇق ۋە سىزنىڭ تەكشۈرۈپ، پىكىر-تەكلىپ بېرىشىڭىزنى كۈتتۇق، بۇ لايىھەنى سىزگە سۇندۇق. بۇنىڭ ئاخىرقى لايىھەسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، Ubuntu دىكى كۇنۇپكا تاختا لايىھەسى مۇشۇ بويىچە تۈزىتىلىدۇ. Microsoft قا بۇ لايىھە يوللىنىپ، Windows 7 دىكى كۇنۇپكا تاختىسىنى ھازىرچە ياماق بىلەن بولسىمۇ تۈزىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. UyghurEdit نى مۇشۇ لايىھە بويىچە يېڭىلاپ چىقىدىغانلىقىغا غەيرەت ئەپەندىم ماقۇللىقىنى بىلدۈردى. مۇھەممەد ئەپەندىم ياسىغان يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچ ۋە تور يۈزى كىرگۈزگۈچىنىمۇ مۇشۇ لايىھەگە چۈشۈرۈش ئۈمىد قىلىنىۋاتىدۇ.